يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# دەل جايىدا كۆچەش خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «سىرتقا چىقىرىلىشى»نى ئىلگىرى سۈردى

## يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قېىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

8 - ئايدىكى شىنجاڭدا مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ھەممە يەرگە تارالغاندى. ھالبۇكى يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا سېتىلىشى راۋان بولمىدى. قېينچىلىق ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ھۆكۈمەت يول ئېچىپ سىرتقا سېتىش يوللىرى راۋانلاشتى

«شاپتۇللارنى سېتىپ بولۇپ، خاتىرجەم بولدۇم» دېدى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ساغان بازىرى نونىڭ ئايغى كەنتىدىكى باغۋەن مەتمىن ئىبزىز خۇشال ھالدا. 8 - ئاي كىرىشى بىلەن، مەتمىن ئائىلىسى ئۆستۈرگەن ئون نەچچە مو يەردىكى يەرلىك شاپتۇل پىشىش مەزگىلىگە كىردى، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىش، يۆتكەپ توشۇش خىزمىتى مەخسۇس بەنى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇنىڭ ئۈزۈش، توشۇش ۋە سېتىش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ يىل چىلان، ياڭاق، بادام، ئۆرۈك، شىنمبي قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن باغ كۆلىمى 5 مىليون 820 مىڭ مو بولدى. 7 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىش، يۆتكەپ توشۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم مەخسۇس خىزمەت بەنى قۇرۇپ، كۆپ تەرەپ ماسلىشىپ سىرتقا سېتىش يوللىرىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا يۆتكەپ توشۇش، سېتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مۇناسىپ ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش سىياسىتىنى چىقىرىپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا سېتىلىشىغا ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە قەشقەر ئايرودرومى، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن كېڭىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خاس يېڭى مېۋىلىرىنىڭ ۋاقتىدا توشۇپ چىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە، قەشقەر ئايرودرومىدا 60 قېتىمدىن 120 قېتىمغىچە ھۆددىگە ئېلىنغان نۆۋەتچى ئايروپىلان قەشقەرنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى لىق قاچىلاپ شىئەنگە ئۇچۇپ بېرىپ، شىئەن ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە ئايرىپ يۆلۈپ سېتىلدۇ.

«بىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ھالقىلىرىنىڭ راۋانلىقىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىش، يۆتكەپ توشۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس بەن مۇدىرى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لو شياڭ.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدا سودىگەر چاقىرىش خىزمەت پونكىتىدىن 11نى تەسىس قىلىپ، كارخانا، سودا سارايى، سېتىۋېلىش - توپ سېتىش سودىگىرىدىن 45نى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىي 1227 توننا مېۋە - چېۋە ساتتى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، غۇلجا ئايرودرومىدا خۇاشيا ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خاس مېۋىلىرىنى توشۇيدىغان تۇنجى ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلانى كورلىغا، ئاندىن كورلىدىن چېڭدۇغا قاراپ ئۇچتى.

«ھۆكۈمەتنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، بىز شۇ جايدىكى مېۋە سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خۇاشيا ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ‹يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش›نى ماسلاشتۇرۇپ، ئىلىنىڭ تېخىمۇ كۆپ خاس مېۋىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا سىرتقا سېتىشقا تىرىشتۇق» دېدى غۇلجا ئايرودرومىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى لىيجيەن.

### ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچى ئىشقا سېلىندى مەھسۇلاتلارغا زاكاز بار بولدى

«ھېلىمۇ ياخشى ھۆكۈمەت بىزگە ياردەملىشىپ سېتىش زاكازى ئالاقىلىشىپ بەردى، ئائىلىمىزنىڭ نەشپۈتلىرىنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولدى» دېدى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۇچا شەھىرى خانىقاتام يېزىسى يانئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇھەجەر ئىبراھىم خۇشال ھالدا.

بۇ يىل يانئېرىق كەنتىدە 400 مو يەرگە نەشپۈت ئۆستۈرۈلدى، بۇ مەزگىلدە خانىقاتام يېزىلىق ھۆكۈمەت نەشپۈت سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەر بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سېتىش يولى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

كۇچا شەھىرىدىكى مېۋە - چېۋە سودىگىرى ئالىم ھۇسەن مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بەلگىلىك سىرتقا سېتىش بايلىقىمىز، مال توشۇش يېشىل يولىمىز بار.» ھازىرغىچە، خانىقاتام يېزىسىدىكى بالدۇر پىشىدىغان نەشپۈتتىن 60 توننا ئۈزۈلۈپ، دەرىجىگە ئايرىپ يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يولىدىن پايدىلىنىپ، كۇچا بۇ يىل نىڭبو شەھىرىدە يېڭىدىن ئىككى سېتىش دۇكىنى كۆپەيتتى، «ئون شەھەر، يۈز دۇكان» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق جېجياڭغا سېتىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى 3000 توننىدىن ئاشتى. بۇ يىل كۇچا شەھىرى يەنە جياشىڭ شەھىرى بالاڭ سودا چەكلىك شىركىتىنى «ئون ئامبار، يۈز كارخانا» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، كۇچانىڭ 10 مىڭ توننا خاس مېۋىلىرىنى سېتىش توختامى ئىمزالىدى.

كورلا شەھىرى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شاڭخەي، كۇنمىڭ قاتارلىق جايلاردا كورلا نەشپۈتىنى سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە «سىرتقا چىقىرىش» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئەسلىدىكى شېڭخو تورى باش ئىشتابى، جېجياڭ شىنسىشياڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق مېۋە سېتىش كارخانىلىرى بىلەن نەشپۈت سېتىۋېلىش - سېتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 87 مىڭ 600 توننا نەشپۈت سېتىۋېلىش - سېتىشنى بېكىتتى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، كورلا نەشپۈتىنى سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە «سىرتقا چىقىرىش» پائالىيىتى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، شۇ كۈنلا 93 مىڭ توننا كورلا نەشپۈتى زاكازى ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن باشقا، خېبېي «مىڭ شەھەر، يۈز دۇكان» سودا سۇپىسىدا، كورلا نەشپۈتىنىڭ زاكاز مىقدارى 40 مىڭ توننىغا يەتتى.

### توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش كاپالەتكە ئىگە بولدى

«سىز زاكاز قىلغان 70 توننا ئۈزۈم ھازىر ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ زاۋۇتتىن چىقتى، مۆلچەرىمىزچە ئۈچ كۈن ئەتراپىدا يېتىپ بارىدۇ.» 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ خۇامېي شىنلياڭ ئۈزۈم چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ كەي ئەلا سۈپەتلىك گۆجۈڭ ئۈزۈمى لىق قاچىلانغان ئىككى يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ زاۋۇت رايونىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال لەنجوۇ شەھىرىدىكى مال زاكاز قىلغۇچى سودىگەرگە تېلېفون قىلدى. «بۇ مەزگىلدە، شىركىتىمىزنىڭ ھەر ھەپتىدە رايون سىرتىغا سېتىلىدىغان بەش - ئالتە زاكازى بار، مىقدارى 100 توننىغا يېقىنلىشىدۇ» دېدى جاڭ كەي.

بۇ بىر نەچچە يىلدا، گۆجۈڭ ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى، بۇنىڭ بىلەن شۇ جاينىڭ خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىش تېز يولىغا چىقتى.

2018 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ خۇامېي شىنلياڭ ئۈزۈم چەكلىك شىركىتى توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش ئەندىزىسىنى ئاچتى. ھازىرغىچە، بۇ كارخانىنىڭ بۇ يىلقى توردا سېتىش سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى، تور سىرتىدا سېتىش سوممىسى 200 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى ئەسكقۇم كەنتى ئۇخې ئالقات دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ۋېي گوفاڭ تاۋباۋدىكى دۇكىنىنىڭ مەھسۇلات تونۇشتۇرۇشىنى يېڭىلىدى.

«بىزنىڭ ئالقاتلىرىمىز تاۋباۋدا ناھايىتى ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ، يېقىندا خۇبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنىڭ زاكازلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالدۇق» دېدى ۋېي گوفاڭ.

ھازىر، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش، بىۋاستە سېتىۋېلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش، ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى قاتارلىق سېتىش ئەندىزىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سىرتقا سېتىش يولىنى تېپىشىغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك ئۈنۈمېرسال مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى ئېلېكترونلۇق سودا تېز يەتكۈزۈش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا تېز يوللانما خادىملىرىنى ئىشىك ئالدىغىچە ئەۋەتىپ ئېلېۋېلىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**(مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، قاتناشقان مۇخبىرلار خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، جەزىرە نىيىپېك، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ جىخېڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ خۇگلى، جاۋ شۇاڭ، جاڭ شىنيۈەن)**

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ مەيدانىدا پۈتۈلگەن ياشلىق ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، سۇڭ ياۋېن

ياشلار روناق تاپسا دۆلەت گۈللىنىدۇ، ياشلار كۈچەيسە دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ياشلار ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلماقتا، ئۇلار «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدە ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، قېيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشتە ئاساسىي كۈچ بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ مەيدانىدا تالانتىنى نامايان قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ياشلىق كۈچىنى قوشماقتا.

### كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىدىكى باشلامچىلاردىن بولۇش

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مۇغالالا بازىرى كۆكەرىن كەنتىدىكى قارا مور ئۆستۈرۈش بازىسىدا مۇغالالا بازىرىنىڭ مۇئاۋىن بازار باشلىقى ياڭ جىجيې نامرات ئاھالىلەرنى باشلاپ قارا مور ئۈزۈۋاتاتتى.

2014 - يىلى، ياڭ جىجيې يۇرتى گەنسۇدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ، مۇغالالا بازىرىدا يىلتىز تارتتى. 2019 - يىلى، مۇغالالا بازارلىق ھۆكۈمەت قارا مور كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا تۈرتكە بولۇشنى قارار قىلدى، ياڭ جىجيې بازا مەسئۇلى بولدى.

بۇ بازا بۇ يىل 4 - ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 88 زاۋۇت ئۆيى بار، ھەر بىر زاۋۇت ئۆيىگە 30 مىڭ خالتا زەمبۇرۇغ قويۇلغان. «ھازىر قارا موردىن 2 - قېتىملىق ھوسۇل ئېلىشىمىز، 1 - قېتىملىقتا 12 توننا ھوسۇل ئېلىپ، 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق، بۇنىڭ بىلەن 1144 نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولدۇ» دېدى ياڭ جىجيې كۈلۈپ تۇرۇپ.

«ئۆگەنگەنلىرىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ياڭ جىجيې قەتئىيلىك بىلەن.

كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ قارا تۆگە بازىرى تاش باستاۋ كەنتىدىكى شامالگۈل دېھقانلار كەشتىچىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا قازاق مىللىتىنىڭ ھەرخىل قول كەشتىچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. «بۇلارنى ئاپام باشقا كەشتىچى ئاياللار بىلەن بىللە كەشتىلىگەن، مەن سېتىشقا مەسئۇل» دېدى شامالگۈل بولات.

بۇ يىل 29 ياشقا كىرگەن شامالگۈل ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇرغان. «مەن يۇرتۇمنىڭ كەشتە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىپ، ئۇنى كەشتىچىلىك ھۈنىرى بار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىغا ئايلاندۇرسام دەيمەن.» شامالگۈل مۇنداق دېدى: «ھازىر، زاكازلىرىمىز بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىزدىكى 13 كەشتىچى ئايالنىڭ ھەممىسىنىڭ كىرىمى ئاشتى».

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆكتوقاي ناھىيەسىدە شامالگۈلگە ئوخشاش مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ئىگىلىك تىكلىگەن ياشلار بارلىققا كەلدى، ئۇلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قېيىنچىلىقى بار ئاممىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە بېيىپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلاندى» دېدى كۆكتوقاي ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇۋ يەنپىڭ.

### يېڭى تەپەككۇر ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بېرىش

«كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر، مەن ئاراپات...» 8 - ئاينىڭ بېشىدا چۆچەك شەھىرىنىڭ ئېمىل يېزىسى كۆك جايداق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاراپات ئالىمجان ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە يۇرتىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سۈرەتكە تارتتى. 2018 - يىلدىن باشلاپ، ئاراپات تور ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى تونۇشتۇردى، بۇ گۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نەچچە مىليون مەستانىسى بار بولدى. 6 - ئايدا ئاراپات ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن توردا مال تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئىككى سائەتتە نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك قۇرۇق ئۈزۈم ۋە قوغۇن ساتتى.

شىنجاڭدا ئاراپاتقا ئوخشاش مۇشۇنداق ياشلار بارغانسېرى كۆپىيەمەكتە. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئۈچ قارار بىۋاستە كۆرستىپ مال تونۇشتۇرۇش ئىجادكارلىرىنى تەربىيەلەش لاگېرى ئۇيۇشتۇرۇپ، توردا مال تونۇشتۇردىغان 127 ياش دىكتورنى تەربىيەلەپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ 50 نەچچە مەيدان توردا مال تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى، سېتىلغان شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتى سوممىسى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

«مەن بەك ئالدىراش، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىمەن، ئىگىلىك تىكلىگەن ياشلارغا دەرس ئۆتىمەن، يەنە ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ دېھقانلارغا توردا بىۋاستە كۆرستىپ مال سېتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىمەن» دېدى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ بارىن بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاناخان ئەلى. 2016 - يىلى، ئۇ قەشقەر يىجيارېن ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنى قۇرغاندى.

ئاناخان دېھقانلارنىڭ چىلان، ياڭاق، شىنمبي قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا سېتىشىغا ياردەم بەردى، يەنە ئۇلارنىڭ بىۋاستە كۆرستىپ مال تونۇشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. «تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلارنى تور دەۋرىنىڭ پايدىسىدىن بەھرىلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئاناخان.

### يېڭى ماھارەتنى قولمۇقول ئۆگىتىش

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندىلا، ليۇ يەن خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلدى. «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» ليۇ يەن توقسۇ ناھىيەسى ئېچىبرىق بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، 2019 - يىلى، ئۇ قىزىلئۇر كەنتىگە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى بولۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

ليۇ يەن كەنت ئاھالىسى كېرەم مەخمۇتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ كالىغا يەم بېرىۋاتقان بولۇپ، كالىلىرى ناھايىتى سېمىز، تەمەن ئىدى.

كېرەم كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ، ئىلگىرى ئائىلىسىدىكى ئالتە جان ئادەم ئون نەچچە مو تېرىلغۇ يەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇلتۇر زىيارەت قىلغاندا، ليۇ يەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ بىكار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كېرەمنى كالا بېقىشقا ئىلھاملاندۇرغاندى. كېرەم كالا بېقىشقا تايىنىپ 60 - 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. «ھېلىمۇ ياخشى ليۇ يەننىڭ ياخشى چارىسى بولغاچقا، ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى». كالا قوتىنىدىكى كالىلارغا قاراپ خۇشاللىقنى باسالمىغان كېرەمنىڭ دېمەكچى بولغىنى چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

يەكەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بەشكەنت بازىرى ساڭبازار كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى پەن خېي مۇنداق قارىدى: نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىشتۇر.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، 27 ياشلىق پەن خېي تەشكىل تەرىپىدىن كەنتتە تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، نامرات ئائىلىلەرگە «ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ» نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ بەردى، يەنە ئۇلارغا يېڭى ئىقتىدار، يېڭى ماھارەتلەرنى قولمۇ قول ئۆگەتتى، ئىگىلەتتى.

پەن خېينىڭ تۈرتكىسىدە، ساڭبازار كەنتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، 1936 ئادەمنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 552، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 145 بولۇپ، جەمئىي 697.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۇرلۇك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.